# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي

18

جۈمە

维吾尔文 10 月18日

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24852 - سان بۈگۈن 4 بەت


### شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** 6 - قېتىملىق دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش كۈنى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ نامراتلىققا سىجىل جەڭ ئېلان قىلىپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلىدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيناپ كېلىۋاتقان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى پات ئارىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىدۇ، بۇ، يەر شارىۋى نامراتلىقنى ئازايتىش ئىشلىرىغا قوشۇلغان مۇھىم، زور تۆھپە بولۇپ قالىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچتە ۋۇخەندە ئۆتكۈزۈلىدۇ

## شى جىنپىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ھەم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچ سائەت 20:00دە ۋۇخەن تەنتەربىيە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ھەم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

شۇ ۋاقىتتا، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى، شىنخۇا تورى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە تارقىتىدۇ، خەلق تورى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە تورى، جۇڭگو تورى، جۇڭگو ئارمىيە تورى قاتارلىق مەركەزنىڭ نۇقتىلىق ئاخبارات تور بېكەتلىرى ۋە خەلق گېزىتى تېرمىنالى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېرمىنالى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئاخبارات تېرمىنالى قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرى ماس قەدەمدە ئۇلاپ تارقىتىدۇ.

## بىرلا غەيرەت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

6 - قېتىملىق دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش كۈنى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، باش شۇجىنىڭ مۇھىم كۆرسەتمىسىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ ۋە بىڭتۈەندىن ئالتە شەخس، بىر ئورۇن مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى تەقدىرلەش يىغىنى ھەم ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىن ئالتە شەخس، بىر ئورۇن مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئاقتۇ ناھىيەسى تارتاجىك مىللىي يېزىسى قۇزۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تايىر قاۋۇل، بىڭتۈەن 14 - شى 225 - تۈەن لايسۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەتسەيدى تۇرسۇن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



**ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇش**

**10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، كەنت ئاھالىلىرى ئوراش خالتىسى تەييارلىماقتا. بۇ يىل، شىنجاڭ يۆداكاڭ سولياۋ توقۇلما چەكلىك شىركىتى لوپ ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىغا ماكانلىشىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنى قوبۇل قىلىپ، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشتى.**

□ مەمەتئېلى ئەنۋەر فوتوسى

# شى جىنپىڭ 2019 جۇڭگو-ۋەنسۇن مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 جۇڭگو-ۋەنسۇن مۇنبىرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى تېز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى. جۇڭگو يەر شارىۋى يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو-ۋەنسۇن دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پەن - تېخنىكا باغچە رايونى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكىنى تىرىشىپ بەرپا قىلماقتا. جۇڭگو-ۋەنسۇن مۇنبىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالدىنقى قاتاردىكى پەن - تېخنىكا ۋە كەلگۈسى كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى رادىيو - تېلېۋىزىيە ھەمكارلىق مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى رادىيو - تېلېۋىزىيە ھەمكارلىق مۇنبىرى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جېجياڭ خاڭجوۋدا ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇلتۇر 7 - ئايدا مەن جۇڭگو - ئەرەب ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ تارىختىكى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى جاكارلىغانىدىم. جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكتە تىرىشىپ، تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇپ، ئاقىل رادىيو - تېلېۋىزىيە تاراتقۇسى بەرپا قىلىپ، ئاقىل رادىيو - تېلېۋىزىيە تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئەل قەلبىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

### رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

## مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېقىندا «يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنىڭ تۈپ مىزانى، فۇنكسىيەلىك ئورنى، بۇرچى - ۋەزىپىسى، ئۆز قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇردى ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئارمىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# يولداش دىڭ شىسۈننىڭ جەسىتى بېيجىڭدا كۆيدۈرۈلدى

**شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى**

**يولداش دىڭ شىسۈننىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق يولداشلار دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىدى ياكى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق يولداش دىڭ شىسۈننىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** ئاتاقلىق ماتېماتىكا ئالىمى، مائارىپشۇناس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرى، 9 - نۆۋەتلىك، 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى 7 - نۆۋەتلىك، 8 - نۆۋەتلىك، 9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، 9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، ياۋروپا - ئامېرىكا ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سابىق ئۇيۇشما باشلىقى، بېيجىڭ داشۆنىڭ سابىق مەكتەپ مۇدىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى يولداش دىڭ شىسۈننىڭ جەسىتى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بېيجىڭ باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىدا كۆيدۈرۈلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# بەخت ئالتۇن رەڭلىك دالىدا جۇلالانماقتا

### — ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقىغا نەزەر

□ مۇخبىرىمىز لىيۇ يى

ئالتۇن كۈزدە، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى مول ھوسۇل خۇشاللىقىغا چۆمدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا ئىككى يىل بولغان كۈن. ئىككى يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، يېزىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتى مول مېۋە بەردى.

■ **سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش سىياسەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈش**

يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى پۈتۈن ۋەزىيىتىنى كۆزلەپ، يۈز مىليونلىغان دېھقاننىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم، زور تەدبىر،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گورۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزدى

## ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن نامراتلىقنىڭ نامرىتىغا، قىيىنىنىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز يۈەن لىپى خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ 2019 - يىللىق 10 - قېتىملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گورۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، بولۇپمۇ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

## ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش

— قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

2 - بەتتە